OM KLÆR I BARNEHAGEN

**UIGURISK – KINA**

# يەسلىدىكى كىيىملەر ھەققىدە



## كىيىم-كېچەك

يەسلىدە بالىلار مەينەت ياكى يىرتىلىپ كېتىشتىن قورقمايدىغان كىيىملەرنى كىيىشى كېرەك. كىيىش ۋە سېلىشقا قولايلىق بولغان ھەمدە بالىنىڭ ھەرىكەت قىلىشى ئۈچۈن راھەت ۋە قۇلايلىق بولغان كىيىملەرنى كىيدۈرۈش كېرەك. بىزدە يامغۇر كۆپ، ھاۋارايى دائىم ئۆزگىرىدۇ، شۇڭا بالىلارنى مۇۋاپىق كىيدۈرۈش تەسكە توختايدۇ. بالىلار توڭلىماسلىقى كېرەك، شۇنداقلا ئۇلار ئاكتىپ، ئويۇن ۋە ھەرىكەتكە قولايلىق بولمايدىغان كىيىملەرنى كۆپ كىيمەسلىكى كېرەك. يەسلىدىكى خىزمەتچىلەر ئوخشىمىغان ھاۋارايىغا ماس كېلىدىغان كىيىملەرنى تاللىشىڭىزغا ياردەم بېرەلەيدۇ.

## كىيىملەرگە ئىسىم چاپلاش

بالىنىڭ ئۆز كىيىمىنى ئۆيگە توغرا ئېلىپ كېلىشىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، بارلىق كىيىملەرگە ئىسىم چاپلىشىڭىز كېرەك. كىيىملەرنىڭ ئىچىگە چاپلىنىدىنغان ئىسىملارنى توردىن زاكاز قىلىشقا بولىدۇ. ياكى كىيىملەرگە سۇدا يۇيۇلۇپ كەتمەيدىغان ئىسىم يازسىمۇ بولىدۇ.

## بالىلار يەسلىدە قانداق كىيىملەرگە ئېھتىياجلىق ؟

يامغۇر ياغقاندا ياكى سىرت بەك ھۆل بولۇپ كەتكەندە، بالىلار يامغۇرلۇق كىيىملىرى ۋە ئۆتۈككە موھتاج. يەسلىگە ھەمىشە بىر يۈرۈش ئارتۇق يامغۇرلۇق كىيىمى قويۇپ قويۇش ئەۋزەللىكتۇر. يامغۇرلۇق كىيىملەر مەينەت بولغاندا، ئۇنى ئۆيگە ئېلىپ كېتىپ يۇيۇڭ.

بالىلار يەسلى ئىچىدە ئايرىم ئاياغ كىيىشى كېرەك. يەسلىدىكى پوللار تېيىلغاق بولۇپ، بالىلار پايپاق كىيسە، تېيىلىپ يىقىلىپ كېتىشى مۇمكىن. پوللارمۇ بەزىدە ھۆل بولغاچقا، بالىلار ئاياغ كىيمىسە، پۇتى ھۆل بولۇپ كېتىدۇ.


© Trude Haugen










## قوشۇمچە كىيىملەر

باللار يەسلىدە ئوينىاش جەريانىدا ھۆل ياكى مەينەت بولۇپ قالىدۇ. شۇ چاغدا ئۇلار كىيىم ئالماشتۇرۇشى كېرەك. شۇڭلاشقا، يەسلىدە ئىچ كىيىم، پايپاق، «تايتىس»، چاپان ۋە ئىشتان قاتارلىق قوشۇمچە كىيىملەر بولۇشى كېرەك. باللىنىڭ قوشۇمچە كىيىم-كېچەكلىرىنى قەرەللىك تەكشۈرۈپ تۇرۇڭ.

## يازلىق كىيىم

ھاۋا ئىللىپ كەتسە، باللار يېنىكرەك كىيىم ۋە ئاياغقا موھتاج بولىدۇ. ئەتىياز ۋە كۈز پەسلىدە نېپىز قالپاق ۋە بىر يۈرۈش تۇتاش كىيىمگە ئېھتىياج بولىدۇ. قۇياش نۇرى چۈشلۈك بولغاندا، باللار ئاپتاپتىن ساقلىنىش مېيى ئېلىپ كېلىشى كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا، بېشىغا ئىسسىق ئۆتۈپ كېتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، قۇياش قالپىقى كىيىشى كېرەك.


© Trude Haugen



© Marte Rosenvinge

## قشلىق كىيىم

هاۋا سوغۇق بولغاندا، باللار ئىسسىق بىر يۈرۈش تۇتاش كىيىمگە موهتاج. ئۇنىڭ ئىچىگە، يۇڭ ياكى يۇڭدا توقۇلغان چاپان ۋە ئىشتان كىيسە مۇۋاپىق بولىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت پوسما ياكى قۇلاقچا، يۇڭ پايپاق، سۇ ئۆتمەس ئايىغى ۋە پەلەي بولۇشى كېرەك. ئېسىڭىزدە بولسۇنكى ، پەلەي دائىم هۆل بولۇپ كېتىدۇ ، شۇڭا بىر نەچچە جۈپ ئارتۇق ئەكىلىپ بېرىڭ.

## تالادا ئۇخلىغاندا كىيدىغان كىيىم

كىچىك باللار كۈندۈزى ياخشى ئارام ئېلىشى كېرەك. بەزى يەسلىلەردە باللار تالادا هارۋىدا ئۇخلايدۇ. بۇ ۋاقىتتا خىزمەتچىلەر نازارەت قىلىدۇ. باللار هارۋىسىدا قىشتا ئۇخلاش ئۈچۈن ئۇخلاش خالتىسى ئەكىلىش كېرەك، ئۇخلاش خالتىسى قىلىن بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ چاغدا قىلىن كىيىم كىيىشنىڭ هاجىتى يوق. تالادا ئۇخلاش توغرىسىدا سوئاللىرىڭىز بولسا، يەسلىدىكى خىزمەتچىلەر بىلەن ئالاقىلىشىڭ.

## باشقىلار

ماي، زاكا، سوسكا قاتارلىق بۇيۇملارنى چوقۇم يەسلىدە زاپاس قويۇپ قويۇش كېرەك.

BERGEN
KOMMUNE

Foto forside: © Nina Honningsvåg Træet
Skipnes.no Svanemerket trykksak, 2041 0731